# شىنجاڭ 750 كىلوۋولتلۇق ئېلېكتىر تورى بىلەن تولۇق قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چىن چياڭۋېي**نىڭ دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئالتاي — شىمالىي جۇڭغار 750 كىلوۋولتلۇق توك يەتكۈزۈش - بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن. بۇنىڭ بىلەن 750 كىلوۋولتلۇق ئېلېكتىر تورى شىنجاڭنىڭ ئەڭ شىمالىغىچە ئۇزارتىلىپ، 750 كىلوۋولتلۇق ئېلېكتىر تورى بىلەن پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلغان.

ئالتاي — شىمالىي جۇڭغار 750 كىلوۋولتلۇق توك يەتكۈزۈش - بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي سېلىنمىسى 1 مىليارد 670 مىليون يۈەن بولۇپ، 2018 - يىلى 9 - ئايدا قۇرۇلۇش باشلانغان. لىنىيە قۇرۇلۇشى چۆچەك 750 كىلوۋولتلۇق ترانسفورموتور پونكىتى بىلەن قاناس 750 كىلوۋولتلۇق ترانسفورموتور پونكىتىنى تۇتاشتۇرۇپ، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيەسى ھەمدە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ بۇرچىن ناھىيەسى، جېمىنەي ناھىيەسىدىن ئۆتىدۇ، قوش قايتما لىنىيە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 341 كىلومېتىر بولۇپ، جەمئىي 725 تۆمۈر مۇنار بار. قۇرۇلۇش ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئالتاي ئېلېكتىر تورىنىڭ سىرتقا يەتكۈزۈش ئىقتىدارى 2 مىليون كىلوۋاتقا ئۆستۈرۈلىدۇ.

ئالتاي — شىمالىي جۇڭغار 750 كىلوۋولتلۇق توك يەتكۈزۈش - بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، دۆلەت ئېلېكتىر تورى چەكلىك شىركىتى شىنجاڭغا 136 مىليارد 800 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان، شەرقتە قومۇلغىچە، غەربتە بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغىچە بولغان، جەنۇبتا قەشقەر، خوتەن ۋىلايىتىگىچە ئۇزارتىلغان، شىمالدا ئالتاي ۋىلايىتىگە تۇتاشتۇرۇلغان 750 كىلوۋولتلۇق غول تور رامكىسىنى قۇرۇپ، شەرقتىن غەربكە 2000 كىلومېتىرنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان، جەنۇبتىن شىمالغا 3300 كىلومېتىرنى كېسىپ ئۆتىدىغان، قاپلاش دائىرىسى 1 مىليون 300 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغان «ئىچكى قىسمىنى تەمىنلەيدىغان تۆت ھالقا تور»دىن ئىبارەت ئاساسىي تور رامكىسى ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈردى.

شىنجاڭنىڭ ئېنېرگىيە بايلىقى مول، يېرى كەڭ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئېلېكتىر تورىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، يىراق مۇساپىلىك، چوڭ سىغىملىق، تۆۋەن سەرپىياتلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئادەتتىن تاشقىرى يۇقىرى بېسىملىق ئېلېكتىر تورىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭدا 750 كىلوۋولتلۇق ترانسفورموتور پونكىتىدىن 23ى قۇرۇلۇپ، ترانسفورموتور سىغىمچانلىقى 57 مىليون 500 مىڭ كىلوۋولت ئامپېرغا يەتتى؛ توك يەتكۈزۈش لىنىيەسى 56 بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 7764.73 كىلومېتىر، كۈچلۈك، ئىشەنچلىك بولغان ئېلېكتىر تورى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى يېتەرلىك ئېنېرگىيە كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ توكنى كەڭ كۆلەمدە سىرتقا يەتكۈزۈشكە پۇختا ئاساس سالدى.

# شىنجاڭ ئېلېكتىر تورىنىڭ توك سېتىش مىقدارى يىلىغا ئوتتۇرىچە 11.22% ئاشتى

**رەقەم ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ «13 - بەش يىل»نى سۆزلەش**




□制图/新疆日报视觉中心 张 永

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چىن چياڭۋېي** خەۋەر قىلىدۇ: «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭ ئېلېكتىر تورىنىڭ توك سېتىش مىقدارى تېز ئېشىپ، «12 - بەش يىل»نىڭ ئاخىرى 2015 - يىلىدىكى 79 مىليارد 10 مىليون كىلوۋات سائەتتىن كۆپىيىپ 2019 - يىلىدىكى 120 مىليارد 906 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، يىلىغا ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 11.22%كە يەتتى.

كەسىپلەردىن قارىغاندا، 2015 - يىلىدىن 2019 - يىلىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 1 - كەسىپ، 2 - كەسىپ، 3 - كەسىپ ۋە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى تۇرمۇشىغا ئىشلىتىلگەن توكنىڭ يىلىغا ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 4.77%، 9.92%، 15.69%، 10.22% بولغان.

«توك مىقدارى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ، شىنجاڭ ئېلېكتىر تورىنىڭ توك سېتىش مىقدارى «13 - بەش يىل»دىن بۇيان ئىزچىل مۇقىم ئېشىش ھالىتىنى ساقلاپ كەلدى، بۇ، ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئىسپاتلىدى. بولۇپمۇ 3 - كەسىپتە ئىشلىتىلگەن توك مىقدارى يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنىڭ تىپ ئۆزگەرتىشنىڭ تېزلىشىپ، مۇلازىمەت كەسپىنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولىدىغان ئاساسىي كۈچكە ئايلانغانلىقىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى» دېدى دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى چەكلىك شىركىتى ماركېتىڭ بۆلۈمىنىڭ بازار ئېچىش - باشقۇرۇش مەخسۇس مەسئۇلى دوۋ بو.

شەھەر، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئىشلىتىلگەن توك ئىككى خانىلىق سان بويىچە يىلىغا ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى جەھەتتە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرغان. دوۋ بو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق تۇرمۇشىنى سىجىل ياخشىلاپ، شەھەر، يېزا ئېلېكتىر تورى قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ نەتىجە - ئۈنۈم ھاسىل قىلغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شەھەر، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ توك ئىشلىتىش سەۋىيەسى «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، ئاھالىلەر تۇرمۇشىنىڭ ئېلېكترلىشىش سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

«13 - بەش يىل»دىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز زور بىر تۈركۈم ئېلېكتىر تورى نۇقتىلىق تۈرلىرىنى قۇرۇپ، ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى ئىستېمالى بىخەتەرلىككە ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلىندى. شەرقىي جۇڭغار — جەنۇبىي ئەنخۈي ±1100 كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، دۇنيادىكى توك بېسىمى دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى بولۇپ قالدى؛ تارىم ئويمانلىقىنى ئايلانغان مارالبېشى — يەكەن، قەشقەر — يەكەن، يەكەن — خوتەن قاتارلىق 750 كىلوۋولتلۇق توك يەتكۈزۈش - بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىپ ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى توك پار بىلەن ئىسسىتىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش(1 - قارارلىق) قۇرۇلۇشىدا 316 مىڭ ئائىلىلىك ئۆيىنى توك پار بىلەن ئىسسىتىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسى تاماملاندى؛ ئالتاي — شىمالىي جۇڭغار 750 كىلوۋولتلۇق توك يەتكۈزۈش لىنىيەسى قۇرۇلۇشى پۈتتى...

بۇ تۈرلەر شىنجاڭنى 750 كىلوۋولتلۇق ئېلېكتىر تورى بىلەن تولۇق قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپلا قالماي، يەنە خوتەن، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى تەمىناتىنىڭ جىددىي بولۇش مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ئاھالىلىرىنىڭ قىش پەسلىدىكى ئىسسىنىش شارائىتىنى ياخشىلىدى.

نۆۋەتتە، شىنجاڭ ئېلېكتىر تورىدا 750 كىلوۋولتلۇق ھەم ئۇنىڭدىن يۇقىرى مۇھىم پونكىت - نۇقتىدىن 24ى بار، ترانسفورموتور سىغىمچانلىقى 60 مىليون 500 مىڭ كىلوۋولت ئامپېر بولۇپ، «ئىچكى قىسمىنى تەمىنلەيدىغان تۆت ھالقا تور، سىرتقا يەتكۈزىدىغان تۆت يول»دىن ئىبارەت ئېلېكتىر تورى ئەندىزىسى بەرپا قىلىندى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، لياۋنىڭ — شىنجاڭ ھەم بېكىتۆەن نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. شۆھرەت زاكىر سۆھبەت يىغىنىدا مۇنداق دېدى: لياۋنىڭ ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى مۇھىم، زور سىياسىي مەسئۇلىيەت قىلىپ، مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق چىن كۆڭلىدىن مىننەتدار بولدى. ھازىر، شىنجاڭ 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىنى جاسارەت بىلەن ئالغا سىلجىتىش ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ، بىز يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتى توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرما - تەلەپلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سۇبيېكتلىق رولىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىلغار تەجرىبىلەرنى ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ھەمكارلىقنى ئالغا سىلجىتىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقى، لياۋنىڭ خەلقىنىڭ شەخسىيەتسىز ياردىمى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتىكى ئالاھىدە ئەۋزەللىكنى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ياخشى پۈتىمىز.

شيا دېرېن لياۋنىڭ ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن شىنجاڭنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرگەن مۇھىم، زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەبرىكلىدى، شىنجاڭنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان لياۋنىڭنى قوللىغانلىقى، ياردەم بەرگەنلىكى ۋە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار، ئىختىساسلىقلارغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، غەمخورلۇق قىلغانلىقىغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: لياۋنىڭ ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىگە باشتىن - ئاخىر يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ خەلقى بىلەن بىرلىكتە «بىر ۋىلايەت، ئىككى شى»نىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئورتاق ئالغا سىلجىتتى. كېيىنكى قەدەمدە، لياۋنىڭ يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ياردەم بېرىش سالمىقىنى يەنىمۇ زورايتىپ، «14 - بەش يىل»لىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش يېرىك پىلانىنى ئىلمىي تۈزۈپ، كەسىپلەر ھەمكارلىقىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، مائارىپ، داۋالاش ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىشنى سىجىل ياخشى ئىشلەپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ كەڭ ئالاقىلىشىشى، ئومۇميۈزلۈك ئالماشتۇرۇشى، چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى چىن قەلبى، چىن ھېسسىياتى، پۈتۈن كۈچى بىلەن ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشىدۇ.

شىنجاڭدىكى مەزگىلدە، لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى شىخەنزە شەھىرى، چۆچەك شەھىرى، دۆربىلجىن ناھىيەسى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، دوختۇرخانا، مەكتەپ، سانائەت باغچە رايونى، چېگرا پورتلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش تۈرلىرىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى نەق مەيداندا تەكشۈردى، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار، ئىختىساسلىقلارنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى.

ئاپتونوم رايون ۋە بېكىتۈەن رەھبەرلىرىدىن ليۇ سۇشې، كۇڭ شىڭلۇڭ، ئىلھام سابىر يۇقىرىقى پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 10 - ئومۇمىي يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلەندى: 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشتا، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىغا زىچ يېقىنلىشىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ شىنجاڭنى مۇقىم، ئەمىن قىلىش ئىستراتېگىيەسى يۈكسەكلىكىدىن، «تەرەققىياتنى تۇتۇش، خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزۈش ئارقىلىق، ئاممىنى قىلىدىغان ئىشى بولۇش، پۇل تاپالايدىغان بولۇش، ئۈمىدۋار بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، پارتىيەنىڭ ھەر مىللەت ئامما ئارىسىدىكى ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ۋەتەننى سۆيىدىغان، شىنجاڭنى سۆيىدىغان ئاكتىپ كۈچنى ئۈزلۈكسىز قوشۇش كېرەك» «ھەر مىللەت ئاممىنىڭ خاتىرجەم ياشىشى، خۇشال - خۇرام ئىشلىشىنى زىچ چۆرىدەپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلايدىغان تۈرلەرنى كۆپرەك يولغا قويۇپ، خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزىدىغان ئەمەلىي ئىشلارنى كۆپرەك بېجىرىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى دائىم غەم قىلىدىغان مەسىلىلەرنى كۆپرەك ھەل قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىغا پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇش كېرەك» دەپ تەكىتلىدى. باش شۇجىنىڭ بىر قاتار مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھى تەرەققىيات «كىم ئۈچۈن، كىمگە تايىنىش كېرەك»تىن ئىبارەت بۇ چوڭقۇر تېمىنى چوڭقۇر شەرھلەپ بەردى. باش شۇجى كۆرسىتىپ بەرگەن يۆنىلىشنى بويلاپ، شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىم بولغان، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كېلىپ، ئەبەدىي ئەمىنلىككە قەدەم قويۇشقا پۇختا ئاساس سېلىندى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، خەلق تۇرمۇشىغا زىچ يېقىنلىشىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئەبەدىي ئەمىنلىككە ئالاقىدار چوڭقۇر قاتلاملىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان «ئالتۇن ئاچقۇچ».

بۇ بىرقانچە يىلدا، دۆلەتنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، غەربىي قىسمىنى كەڭ ئېچىش، «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىشقا ئەگىشىپ، شىنجاڭ نىسپىي بېكىنمە ئىچكى قۇرۇقلۇقتىن سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئايلاندى، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات مۇھىم پۇرسەتنى كۈتۈۋالدى. خەلق تۇرمۇشىغا زىچ يېقىنلىشىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. يېپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تۈرتكە قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئۆزىنىڭ رايون خاراكتېرلىك ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسىنى دۆلەتنىڭ غەربكە ئېچىۋېتىش ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشىغا كىرگۈزۈپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋاستىسىنى بېيىتىپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش قاتلىمىنى ئۆستۈرۈپ، ئوچۇق ئىقتىساد تۈزۈلمىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ئىچكى قۇرۇقلۇقنى ئېچىۋېتىش ۋە چېگرا بويىنى ئېچىۋېتىش ئېگىزلىكىنى بەرپا قىلىش كېرەك. خاس، ئەۋزەل كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ سانائەتنىڭ ئاساسىنى كۈچەيتىپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ۋە تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ سۈپەت ئۆزگىرىشى، ئۈنۈم ئۆزگىرىشى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئۈل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، تەرەققىياتتىكى بوغما ھالەت چەكلىمىسىنى ئۈزلۈكسىز بۇزۇپ تاشلاش كېرەك. شەھەر - بازارلاشتۇرۇشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، يېزىلاردىكى تېخىمۇ كۆپ ئاز سانلىق مىللەت ئاممىنى شەھەرگە كىرىپ خىزمەت قىلىش، تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. جەنۇبىي شىنجاڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، تەرەققىيات داۋامىدا خەلق تۇرمۇشىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش كېرەك. شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، تېخىمۇ كۆپ كارخانىنى شىنجاڭغا كىرىپ مەبلەغ سېلىپ تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىشنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى بېيىتىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئۈنۈۋېرسال ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، دېگەن ئىدىيەدە چىڭ تۇرۇپ، ئېكولوگىيەنى قوغداش قىزىل چېكىنى قەتئىي ساقلاپ، قۇمنى تىزگىنلەش، سۇنى تىزگىنلەش ۋە ئورمان، ئوتلاقنى قوغداش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ قانات يايدۇرۇپ، گۈزەل شىنجاڭنىڭ ئاسمىنىنى تېخىمۇ كۆك، تاغلىرىنى تېخىمۇ يېشىل، سۈيىنى تېخىمۇ سۈزۈك قىلىش كېرەك.

خەلق تۇرمۇشىغا زىچ يېقىنلىشىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولساقلا، بىز شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىغا يېتىشنىڭ ماددىي ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز پۇختىلىيالايمىز، خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرالايمىز، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىدە گۈللىنىش، تەرەققىيات ئۈستىدە ئورتاق ئىزدىنىش، گۈزەل تۇرمۇشتىن ئورتاق بەھرىلىنىشنىڭ يېڭى مەنزىرىسىنى سىزىپ چىقالايمىز.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)